## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى ——

# خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ مەقسىتى خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش، دەپ تەكىتلىدى. باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تەلىپى، يېڭى ئارزۇسىغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىمىز.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار 1 ـ سوت كوللېگىيەسىنىڭ مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر سوتچى غالىپ تۇرسۇن مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. خەلق سوتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، خەلق ئاممىسىغا ھەربىر ئەدلىيە دېلوسىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ياخشى قانۇنچىل مۇھىت يارىتىمەن.

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باش تەپتىش لى خېيمىڭ مۇنداق بىلدۈردى: تەپتىش ئورگىنىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى كونكرېت تەپتىش خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، خەلقنىڭ يېڭى تەلىپى، يېڭى ئارزۇسىغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىمەن.

كېرىيە ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى جيا گاڭ مۇنداق دېدى: قانۇن خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى ساپالىق سودىيەلەر قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن.

شايار ناھىيەلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قۇددۇس پەخىردىن مۇنداق دېدى: باج ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، باج ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا، باج ئىشلىرى قوشۇنىنىڭ قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، ئادەمنى ئاساس قىلىپ، باج ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ يېڭى نورمال ھالىتىنى يارىتىمىز.

بۇرچىن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ لياڭجۈن مۇنداق بىلدۈردى: «بىز مەۋقەنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ نازارەت قىلىشتىكى بىرىنچى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە قائىدە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش تەلىپىنى ئىنتىزام ئىجراسى، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ـ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچلۈك ئىنتىزام، قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىمىز».

ئۈرۈمچى شەھىرى سۇ ئۈستى باغچىسى خەلققە قولايلىق ساقچى پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ۋاڭ ليۈتاۋ مۇنداق بىلدۈردى: ئاساسىي قاتلام جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىش ئېڭىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا قانۇننى خەلق ئۈچۈن يۈرگۈزۈش ئەسلىي مەقسىتىنى ساقلاپ، «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»نى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداپ، ئاممىنى قانۇنچىللىق پايدىسىدىن بەھرىمەن قىلىمەن.

«يېزىلاردا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىر زور ئىش.» پەيزاۋات ناھىيەسى يېڭىمەھەللە يېزىسىنىڭ لايىلىق كەنتى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى غوپۇرجان ئەھەت مۇنداق بىلدۈردى: قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىنى ئاساسىي قاتلام مەھەللىلىرى، يېزىلارغا ئۇزارتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا قانۇننى يەتكۈزۈپ، مۇلازىمەتنى يەتكۈزۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىمىز.

**(مۇخبىر جېڭ جو، قاتناشقان مۇخبىرلار ياڭ شۇخەن، مېھرىگۈل ناسىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لى شياۋجىن، جوۋ خوڭيەن، ليۇ دۇڭيى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئەقلىي ئىقتىدار ئارقىلىق ھەممە شەيئىلەرنى تۇتاشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇپ كەلگۈسىنى يارىتىش» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمەلىي گەۋدىگە تېخىمۇ ياخشى ئېنېرگىيە بېغىشلاپ، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، خەلققە بەخت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ خۇبېي ۋۇخەندە ئېچىلىشى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى پۇرسەت بىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، رەقەملىك ئىقتىساد تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

باشلىنىش مۇراسىمىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ خې سىنلىق ئۇلىنىش شەكلىدە شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5G+ سانائەت ئالاقە تورى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپى»دە دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ھەم پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى باش ۋەزىپە قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خۇبېينىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلغار ياسىمىچىلىق، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، پايدىلىق پۇرسەتنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قوش ئايلىنىشتىكى ئورنىنى دەل جايىدا تېپىپ، 5G+ سانائەت ئالاقە تورى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، كەسپ زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خەلقئارا تېلېگراف ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى جاۋ خوۋلىن يىغىندا سىنلىق سۆز قىلدى.

2020 جۇڭگو 5G+ سانائەت ئالاقە تورى يىغىنى تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بولۇپ، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى، خۇبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزدى، بۇنىڭدا 5G ۋە سانائەت ئالاقە تورىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، تېخىمۇ چوڭقۇر دەرىجىدە، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە يۇغۇرما تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇبېينىڭ يۇقۇمدىن كېيىنكى قايتا جانلىنىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچ قوشۇش مەقسەت قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرلۈك مۇرەككەپ، كەسكىن خىرىس ئالدىدا، ئىنسانلار ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىشكە، قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەمدىلا يېپىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگونىڭ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاندى. جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشانى پات ئارىدا ئىشقا ئاشىدۇ، كېلەر يىلى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىپ، پائال مۇھاكىمە قىلىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ ئالاقىلىشىشى، ھەمكارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشقا ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«جۇڭگونى چۈشىنىش» خەلقئارا يىغىنى ھازىرغىچە ئۈچ نۆۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك يىغىن «چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى، چوڭ سىناق، چوڭ ھەمكارلىق —— جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش يېڭى مۇساپىسى ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى»نى باش تېما قىلغان بولۇپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى 600دىن ئارتۇق داڭلىق سىياسىيون، ئىستراتېگىيەچى، ئالىم، كارخانىچى تور ۋە تور سىرتى شەكلىدە يىغىنغا قاتناشتى.

---

قەشقەر ۋىلايىتى:

# كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن 490 مىليون يۈەننى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: «ھېلىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى بار ئىكەن، بۇ سىياسەتنىڭ بىزنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىمىزگە ياردىمى بولدى» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى چىنباغ مېھمانسارىيى ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى جاڭ خەييەن مۇخبىرغا.

«ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كارخانىلارنىڭ تەرتىپلىك ھالدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك يۆلەش سىياسەتلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كەسپىي تەربىيەلەش بۆلۈمىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىم دوك يەنرۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتى كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ يىل 2 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلاردىن ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان قىسمىنى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلغان؛ بۇ يىل 2 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە، چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان قىسمىنىڭ يېرىمىنى كېمەيتىپ ئالغان. مۇشۇ بىر تۈردىلا، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن 490 مىليون يۈەن كېمەيتىلىپ، كەچۈرۈم قىلىنىپ، كارخانا، ئورۇنلار شەكلىدە سۇغۇرتىغا قاتناشقان يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر قاتارلىقلاردىن جەمئىي 7360نى نەپكە ئېرىشتۈرگەن.

چىنباغ مېھمانسارىيى نەپكە ئېرىشكەن كارخانىلارنىڭ بىرى. جاڭ خەييەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ مېھمانسارايىنىڭ 280 خىزمەتچىسى بار بولۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مېھمانساراي خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى تارقىتىش، سۇ ـ توك ھەققى قاتارلىق ھەر خىل چىقىملارنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي يۈكى ناھايىتى ئېغىرلاپ كەتكەنىدى. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى بۇ مېھمانساراي بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، بۇ يىل 2 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە، بۇ مېھمانسارايدىن ئېلىنىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن جەمئىي 835 مىڭ يۈەننى كەچۈرۈم قىلغان.

«بۇ پۇل بىزگە نىسبەتەن دەل ۋاقتىدا قىلىنغان ياردەم بولدى.» جاڭ خەييەن مۇنداق دېدى: ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش بۇ مېھمانسارايغا نۇرغۇن چىقىمنى تېجەپ بەردى، مېھمانساراي بۇ پۇلنى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى تارقىتىش، يېڭى خىزمەتچى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى يەنە قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىقلارنى تارقىتىش ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇردى، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى. 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىدىن جەمئىي 223 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارقىتىلغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى 51 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولۇپ، 4350 كارخانىغا نەپ يەتكۈزدى.

«بۇ يىل بىز جەمئىي 178 مىڭ يۈەن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدۇق، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن كېمەيتىلىپ، كەچۈرۈم قىلىنىپ، كارخانىنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى.» شىنجاڭ خوجۇ يېقىلغۇ گاز پايچېكلىك چەكلىك شىركىتى مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جۇ ياڭچۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: كارخانىمىزدا 800دىن ئارتۇق خىزمەتچى بار، كارخانا تېجەپ قالغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى خىزمەتچىلەرگە تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىش، خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ، خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«بىز سىياسەت تەشۋىقات سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنى سىياسەتنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن قىلىمىز» دېدى دوك يەنرۇڭ.

---

# شىنجاڭدا ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى نۆللەشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن، بۇ قېتىمقى شىنجاڭدىكى يۇقۇمدا بارلىق ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لۇ چېن مۇنداق دېدى: بۈگۈن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان پەيت، بىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنى تېببىي كۆزىتىشنى تاماملىدۇق. بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا، دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىز «تۆت بالدۇر» «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)نى بىر خىللاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپى بويىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ھەرىكەتچان باھالاش ۋە ئالدىن سىگنال بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئالدىن ئارىلىشىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ داۋالاش بىلەن پسىخىكا جەھەتتىن يېتەكلەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، دورىلىق غىزا بىلەن تەمىنلەش، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتىش قاتارلىق بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللىنىدىغان داۋالاش لايىھەسى بىلەن تەمىنلەپ، كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش قىلىپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىغا ئۆزگىرىشى ھەمدە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ ئېغىر تىپقا ۋە خەتەرلىك ئېغىر تىپقا ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ، ساقىيىش نىسبىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇددىتىنى قىسقارتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش نىشان ـ تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، نۆل ئۆلۈش، نۆل يۇقۇملىنىش، پۈتۈن داۋالاپ ساقايتىشتەك ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۇق.

بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 78 ئاغرىق مىسالىنىڭ ھەممىسى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 352 يۇقۇملانغۇچىنىڭ ھەممىسى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.